# ئايال كىشى ئىرىدىن باشقا مېيىتكە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتسا بولمايدۇ، پەقەت ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتىدۇ، (بۇ ۋاقىتلاردا) رەڭلىك كىيىم كەيمەيدۇ، سۈرمە تارتمايدۇ، پەقەت ھەيىزدىن پاك بولغاندا ئازراق پۇراقلىق نەرسە ئىشلەتكەندىن باشقا، ھېچ قانداق خۇش پۇراق نەرسە ئىشلەتمەيدۇ

ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرىدىن باشقا مېيىتكە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتسا بولمايدۇ، پەقەت ئىرىگە تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتىدۇ، (ئۇ ۋاقىتلاردا) رەڭلىك كىيىم كەيمەيدۇ، پەقەت ھەيىزدىن پاك بولغاندا ئازراق پۇراقلىق نەرسە ئىشلەتكەندىن باشقا، ھېچ قانداق خۇش-پۇراق نەرسە ئىشلەتمەيدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالنى ئىرىدىن باشقا مېيىتكە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشتىن چەكلىگەن، چۈنكى ئۈچ كۈن يېقىنلارنىڭ ھەققىنى بېرىشكە، قايغۇ-ھەسرەتنى تۈگۈتۈشكە يېتەرلىك. ئەمما مېيىت ئۇ ئايالنىڭ ئىرى بولسا، ئۇنىڭ ئەرلىك ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ۋە ئىددەت كۈنلىرىدە ئۆزىنى ساقلاپ تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتىشى كېرەك. ھازا تۇتۇش: ئىرى ياكى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقىنى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ خۇش-پۇراق نەرسىلەرنى، سۈرمە تارتىشنى، زىبۇ-زىننەت ۋە چىرايلىق كىيىملەر بىلەن ياسىنىشنى تەرك ئېتىشى بولۇپ، يۇقارقى نەرسىلەرنى قەتئى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. ھازا تۇتۇش پەقەت ئىرىگىلا ۋاجىب بولۇپ، ئىرىدىن باشقىلارغا ئەگەر خالىسا ئۈچ كۈن ھازا تۇتسا بولىدۇ. ئەمما ھازا تۇتقان ئايال زىننەتلىنىش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان رەڭلىك كىيىملەرنى كەيسە بولىدۇ. يەنە ھەيزدىن پاك بولغاندا بەدبۇي پۇراقنى يوقۇتىدىغان ئازراق نەرسىنى جىنسى ئەزاسىغا ئىشلەتسە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ زىننەتلىنىدىغان ئورۇندا دىيىلگەن خۇش پۇراق نەرسە ئەمەس

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6086

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee